بەرھات جىلان

# ئورخۇن شەجەرىسى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

پەرھات جىلان

# ئورخۇن شەجەرىسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

鄂尔浑世谱：维吾尔文/帕尔哈提·吉兰著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008. 5
（帕尔哈提·吉兰作品集）
ISBN 978—7—228—11671—3

Ⅰ. 鄂… Ⅱ. 帕… Ⅲ. 长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 074738 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 帕尔哈提·吉兰 |
| 责任编辑 | 帕提古丽·米吉提 |
| 责任校对 | 阿依古丽·莎比提 |
| 特约校对 | 阿不力孜·阿巴斯 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆金版印务有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 16 |
| 版　　次 | 2000 年 11 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 5 月第 2 次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 定　　价 | 43.00 元 |

# ئۇرخۇن شەجەرىسى

(پەرھات جىلان ئەسەرلىرى)

ئاپتورى : پەرھات جىلان
مەسئۇل مۇھەررىرى : پاتىگۈل مىجىت
مەسئۇل كوررېكتورى : ئايگۈل سابىت
تەكلىپلىك كوررېكتورى : ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون : 0991—2827472
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
پوچتا نومۇرى : 830001
باسقۇچى : شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 16
نەشرى : 2000 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى : 2008 - يىلى 5 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىرازى : 1—5000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—11671—3
باھاسى : 43.00 يۈەن

# ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى

تالانتلىق يازغۇچى پەرھات جىلان 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . 1954 ـ يىلىدىن 1961 ـ يىلىغىچە غۇلجا ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىرىدىكى رۇس مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان . 1961 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرچە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان .

ئۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى «سول»چىللىقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ تاشچىلىق ۋە ھەرىكەشلىككە ئوخشاش ياللانما ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغان . «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ، بىر مەزگىل باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ۋاقىتلىق تەرجىمە تەھرىرى بولۇپ ئىشلىگەن . 1979 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا دەسلەپتە رۇسچە تەرجىمان ، كېيىنچە تەرجىمە ـ ماتېرىيال بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ، 1991 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ، 1994 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن ، 2006 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققان .

پەرھات جىلاننىڭ نۇرغۇن ھېكايە ـ پوۋېستلىرى ، «مەھمۇد كاشغەرىي» ، «ئورخۇن شەجەرىسى» ، «ئىدىقۇت يۇلتۇزى»



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

قاتارلىق تارىخىي رومانلىرى نەشردىن چىقىپ ، جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان . ئۇنىڭدىن باشقا ن .ئا .باسكا- كوۋنىڭ «تۈركىي تىللار » ناملىق ئەسىرىنى ، «گراف مونتې - كرىستو » ناملىق مەشھۇر رومانىنى ، تىلشۇناسلىققا ئائىت بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلەرنى ۋە ھېكايىلەرنى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغان .

پەرھات جىلان ھازىر جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ۋە شىنجاڭ چەت ئەل تىللىرى تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى .

# قىسقىچە مەزمۇنى

8 ـ ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا ھۆكۈم سۈرگەن كۆكتۈرك خانلىقى زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ . ئۇيغۇر ، قارلۇق ، باسمىل قەبىلىلىرى بىرلىشىپ بۇ خانلىقنى ئاغدۇرۇۋېپ تاشلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، مىلادىيە 744 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلىدۇ . تاڭ سۇلالىسىدا ئەن لۇشەن باشچىلىقىدىكى توپىلاڭ كۆتۈرۈلىدۇ . توپىلاڭچى قوشۇنلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەر ئىككى پايتەختىنى ئىشغال قىلىدۇ . پادىشاھ تاڭ شۈەنزاڭ سىچۈەنگە قاچىدۇ ۋە پادىشاھلىق ئورنىنى ئوغلى تاڭ سۇزۇڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ . تاڭ سۇزۇڭ ئۇيغۇرلاردىن قوشۇن ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشنى سورايدۇ . ئۇيغۇر قوشۇنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىپ ، تاڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە توپىلاڭنى باستۇرىدۇ . ئۇيغۇر ھۆكۈمدارى بۆگۈ قاغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن شەھىرىدە سوغدى روھانىيلىرىنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن مانى دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە بۇ دىنىنى پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلىدە ئومۇملاشتۇرىدۇ .

9 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا ، ئۇيغۇر يايلاقلىرىدا ئۇدا بىرنەچچە يىلغىچە ئېغىر تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ ۋە ۋابا

تارقىلىپ ، نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ ، چارۋا ماللار قىرىلىپ كېتىدۇ ، ئوردىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈلىدۇ ، ئەل ئىچى پاراكەندىچىلىككە تولىدۇ . دەل شۇ چاغدا ، قىرغىزلار يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ . ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىدۇ . ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ ئاساسلىق قىسمى پان تېگىن رەھبەرلىكىدە تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىغا چېكىنىدۇ .

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم

### بوتاسۇن بۇقا ۋە ئىنەچۇك تاي
### ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تىكلىنىشى


بىرىنچى باب چۆلدىكى كارۋان ............................ 3
ئىككىنچى باب يايلاقتىكى خانلىق ........................ 11
ئۈچىنچى باب كۆكتۈركلەرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ...... 23
تۆتىنچى باب كۆكتۈركلەر كەتكەندىن كېيىنكى ئىشلار... 44
بەشىنچى باب قەدىناسلار قايتا كۆرۈشتى ................ 71
ئالتىنچى باب ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان .................. 88


## ئىككىنچى قىسىم

### قۇتادمىش ، ئادارقىز ۋە ئايتولۇنىڭ قىسمىتى
### بۆرە بايرىقى لەپىلدىمەكتە


بىرىنچى باب ئۆتۈكەندە پەيدا بولغان قارا كۆلەڭگە ... 109
ئىككىنچى باب ئوغۇل بالا سەپەردە چىنىقىشى كېرەك ... 125
ئۈچىنچى باب دالىدىكى توقۇنۇش ........................ 136
تۆتىنچى باب سۆيىقەستچىنىڭ ھىيلىسى .................. 159
بەشىنچى باب قورداىلىق پەرىزات ........................ 166
ئالتىنچى باب بۇ ئىش ئەسلىي مۇنداق بولغان .......... 191
يەتتىنچى باب لوياڭغا يۈرۈش............................ 200

سەككىزىنچى باب   فەنىياگىدىكى پاجىئە ...................... 217
توقـقۇزىنچى باب   ياڭ · جەمەتىنىڭ ئاقىۋىتى ................ 234
ئـونـىـنـچـى بـاب   ئاخىرقى ئۈمىد ئورخۇندا .......... 247
ئـون بىرىنـچى باب   كۆك بۆرە ئىزىدىن.................... 268
ئون ئىككىنچى باب   ئوخشاشمىغان تەقدىرلەر ............ 287
ئون ئۈچىنـچى باب   ئىككى ئاستانىدىكى ئىشلار ......... 315
ئـون تۆتىنـچى باب   قۇدىلاشماق ...................... 325
ئـون بەشىنـچى باب   بۆگۈ قاغان ۋە مانى روھانىيلىرى ... 343
ئون ئالـتىنـچى باب   مانى ۋە شامان .................... 363

## ئۈچىنچى قىسىم

### بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار
### ئېتىم ئۆلسىمۇ قىلىچىم سۇنمىدى

بىرىنـچى باب   تاپار بوۋاينىڭ ھېكايىسى ................ 391
ئىككىنچى باب   بۇ يۇرتلارغا كۆز تەگدىمۇ ............. 396
ئۈچىنـچى باب   تاغ - دالىلار ئىگرىماقتا................ 404
تـۆتىنـچى باب   ئاپەت ئۇستىگە پاراكەندىچىلىك .......... 412
بەشىنـچى باب   بۇيۇك قاغان بۇيۇك ئەمەس .............. 422
ئالتىنـچى باب   ئالتۇن تەختتە ئۆسمۈر قاغان ............ 437
يەتـتىنچى باب   قىرغىز ئاتلىرى كىشنىمەكتە ............ 451
سەككىزىنچى باب   ئاخىرقى جەڭلەر ...................... 460
توقـقۇزىنچى باب   ئۇيۇقتا تەڭرىتاغ بوستانلىرى ......... 481
ئورخۇن ھەققىدە سۆھبەت (خاتىمە
ئورنىدا) ................................ 502

# بىرىنچى قىسىم

## بوتاسۇن بۇقا ۋە ئىنەچۇك تاي

## ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تىكلىنىشى

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

## بىرىنچى باب

# چۆلدىكى كارۋان

مىلادىيە 741 ـ يىلى ياز پەسلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. سەددىچىن سېپىلىنىڭ ھەيۋەتلىك چوڭ دەرۋازىسىدىن چىققان كارۋان ئاستا قەدەملەر بىلەن شىـــمال تەرەپكە يول ئالدى. كارۋاننىڭ بۇنداق ئالدىرىماي مېڭىشىدىكى سەۋەب شۇكى، قاتار تىزىلغان ئېگىز چاقلىق كېلەڭسىز ھارۋىلارغا دۆۋە ـ دۆۋىلەپ ئېغىر يۈكلەر بېسىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستى كالا تېرىلىرى بىلەن يېپىلىپ، قىل ئارقانلار بىلەن چىڭ تارتىپ باغلانغان بولغاچقا، ئېسىل نەسىللىك ئارغىماقلارغا مىنگەن بەش يۈز نەپەر قوراللىق چەۋەندازمۇ سۈرئەتنى تېزلەتمەي سالماق ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر ئىدى.

تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى بىر توپ قورۇقچى چېرىكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا كارۋاننى ئۇزىتىپ چىقتى.

— سەپىرىڭلار قۇتلۇق بولسۇن! ئورخۇن بويلىرىغا تىنچ ـ ئامان بېرىشىڭلارغا تىلەكداشمىز! — دېدى ئەمەلدار ئالدىغا سوزۇلغان ئىككى قولىنى جۈپلەش بىلەن خوشلىشىش ئىشارىسى قىلىپ.

— تەشەككۈر، جانابلىرى! سالامەت بولۇڭلار! — دېدى كارۋان بېشى ۋە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئەدەپ بىلەن

ئىگىلىپ قويدى .

ئۆزاتقۇچىلار كەينىگە يېنىپ سىپىل دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېتىشتى . كارۋان بېشى ئېتىنى چاپتۇرۇپ بىرىپ سەپەرداشلار سېپىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى .

بۇ ئېگىز چاقلىق هارۋىلارنى قاتار تىزىپ كېتىۋاتقان كارۋان ئەهلىنىڭ تەقى ـ تۇرقى بايىقى ئۆزىتىپ چىققان ئۇزۇن يېپەك تونلۇق ئەمەلدارغىمۇ ، ئۇنى قورۇقلاپ چىققان هېلىقى ساۋۇت ۋە دۇبۇلغا كىيىشكەن تابغاچ[1] ئەسكەرلىرىگىمۇ زادى ئوخشىمايتتى . كارۋانچى چەۋەندازلارنىڭ هەممىسى ئۇچىسىغا ئۇزۇنلۇقى يوتىسىنىڭ يېرىمىغا كەلگۈدەك يۇڭ توقۇلما يەكتەك ، خۇددى شۇنداقلا يۇڭ توقۇلما شىم ، پۇتلىرىغا يۇمران مەسە كىيىشكەن بولۇپ ، ئۇزۇن ئۆسۈپ كەتكەن چاچلىرى شامالدا ئۇچۇپ ، چېچىلىپ تۇراتتى . هەممىسىنىڭ چىرايلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارايغان بولۇپ ، كۆچمەن يايلاق خەلقىگە خاس قەيسەرلىكى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . پەقەت هېلىقى كارۋان بېشىنىڭ كىيىنىشى سەل ئۆزگىچە بولۇپ ، ئاق بۆز يەكتەك ئۈستىدىن قارا ـ سېرىق يىلپىز تېرىسىدىن تىكىلگەن كالتە جىلىتكە ۋە يەنە شۇنداقلا يىلپىز تېرىسىدىن تىكىلگەن شىم كىيگەنىدى . ئۇنىڭ سۇس قوڭۇر ئۇزۇن چاچلىرى كەينىدىن قىزىل شەلپەر بىلەن چىگىۋېلىنغانىدى . قويۇق ئۆسكەن ساقال ـ بۇرۇتىغا ئاندا ـ ساندا ئاق سانجىشقا باشلىغان ، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرىدە جەڭچىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك جەسۇرلۇق ۋە ئاقىللاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئويچانلىق ئالامەتلىرى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ قاۋۇل جەدە ئېتىنى دېۋىتىپ ، باشقىلاردىن خېلى ئالدىغا ئۆتۈپ يىراقلىشىپ كەتتى .

— هاي ، هاي ، بوتاسۇن بۇقا ! — كىمدۇر بىرىنىڭ ئۇنى ئۇنلۇك توۋلاپ چاقىرغىنى ئاڭلاندى .

---

① ئەينى دەۋردە تۈركىي تىللىق خەلقلەر خەنزۇلارنى «تابغاچ» دەپ ئاتايتتى .

كارۋان بېشى ئېتىنىڭ يورغىسىنى ئاستىلىتىپ ئارقىغا قارىدى .

— هە ، نېمە بولدى ، ئىنەچۈك تاي ؟ نېمىگە شۇنچە ۋارقىرايسەن ؟ — دېدى ئاشۇ بوتاسۇن بۇقا ئىسىملىك كارۋان بېشى ئۆزىنىڭ كەينىدىن ئاق بوز ئېتىنى تېز چاپتۇرۇپ يېتىشىپ كەلگەن چەۋەندازغا كۆز تىكىپ .

ئىنەچۈك تاي ئىسىملىك بۇ چەۋەندازمۇ قارىماققا كارۋان بېشى بوتاسۇن بۇقا بىلەن تەڭ دېمەتلىك كىشى بولۇپ ، ئۇمۇ يىلپىز تېرىسىدىن جىلىتكە ۋە شىم كىيگەنىدى ، ئۇمۇ ئوخشاشلا ئۆزۈن قارا چاچلىرىنى كەينىدىن قىزىل شەلپەر بىلەن چىگىۋالغانىدى . لېكىن ، ئۇ بوتاسۇن بۇقىدەك قامەتلىك بولماستىن ، قورساق سېلىپ قالغان خام سېمىز ئادەم ئىدى ، شالاڭ ئۆسكەن ساقال - بۇرۇتلىرىدىمۇ ئاق رەڭ بىرقەدەر كۆپرەك ئىدى .

— هاي ، هاي ، بوتاسۇن بۇقا !— دەپ تەكرار توۋلىدى ئىنەچۈك تاي كارۋان بېشىغا يانداشقاندىن كېيىن ، — قىرىغاندا ياش يىگىتلەردەك شوخلۇقۇڭ تۇتۇپ كەتتىمۇ نېمە ؟ ئېتىڭنى نېمانداق تېز چاپتۇرىسەن ؟

بوتاسۇن بۇقا ئۇنىڭغا قاراپ ياش يىگىتلەردەك جاراڭلىق ئاۋازدا كۈلۈپ كەتتى . ئىنەچۈك تايمۇ جاۋابەن خىرىلداپ كۈلگىلى تۇردى .

— ئانا يەرنى سېغىندىم ، بۇرادەر ئىنەچۈك تاي ، — دېدى كارۋان بېشى يەنە كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازدا ، — ئورخۇن ، سېلېنگا ، تۇغلار دەريالىرىنىڭ يېقىملىق شاۋقۇنلىرى قۇلاقلىرىمغا ئاڭلانغاندەك بولۇۋاتىدۇ ؛ ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ ساپ سالقىن هاۋاسى دىماغلىرىمغا ئۇرۇلۇۋاتقاندەك بىلىنىۋاتىدۇ…

— هەي ، توغرا دەيسەن ، بوتاسۇن بۇقا ، — دەپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلىدى ئىنەچۈك تاي ، — بىز تېخى تاغ قاپتاللىرىدىكى قارلار ئېرىپ بولمىغان چاغدا يۇرتىمىزدىن

ئايرىلغانىدۇق . تابغاچ ئىلىگە بىر بىرىپ قايتقۇچە ، مانا كۆزمۇ كىرىپ قالدى .

ئىككى چەۋەنداز ئىختىيارسىز تۇردە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراشتى . سەددىچىن سىپىلى ئەمدى خېلى ئارقىدا قالغان بولۇپ ، يىراقتا خۇددى تاغ ـ ئىدىرلار تۆپىسىدە تولغىنىپ ياتقان غايەت زور ۋە ھەيۋەتلىك سىرىق ئەجدىھادەك گىرىمسەن سۇرەتلىنىپ كۆرۈنەتتى .

ئىگىز چاقلىق ھارۋىلاردىن سەپ تارتىپ تۇزۇلگەن چوڭ كارۋان ۋە بۇ ھارۋىلارنى قوغدىدىغۇچى قىلىچ ، ئوقيالار بىلەن قورالالانغان ئاشۇ چەۋەندازلار ئۆزلىرىنىڭ شىمال تەرەپتىكى ئانا ماكانىغا ، يەنى قۇدرەتلىك كۆكتۈرك خانلىقىغا تەۋە يايلاقلارغا قاراپ قەدەممۇقەددەم ، مەنزىلمۇمەنزىل ئىلگىرىلەپ بارماقتا ئىدى . چەۋەندازلار ئىچىدىن كىمدۇر بىرى يۇقىرى ئاۋازدا ناخشا باشلىدى . ناخشا تېكىستىدە باتۇر كۆل تېگىن[1] ۋە دانىشمەن تونيوقۇقلارنىڭ[2] قەھرىمانلىق روھى مەدھىيىلىنەتتى . ناخشىغا يەنە بىرنەچچە ياش چەۋەنداز قوشۇلدى . كارۋان ئەھلى بىراقلا جانلىنىپ كەتتى . ناخشىنىڭ جۇشقۇن ، مەردانە ئاھاڭى گوياكى كىشىلەرنىڭ كۈچىگە كۈچ ، غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . ھەش ـ پەش دېگۈچە بۇ ئۇزۇن چاچلىق كۆكتۈرك جەڭچىلىرىنىڭ ھەممىسى ناخشىچىغا ئايلاندى . يۇزلىگەن كۆكرەكلەردىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ھەيۋەتلىك ناخشا ساداسى بۇلۇتسىز تىنىق ئاسمانغا ئۆرلەپ چىقىپ ، پۈتۈن ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى .

ۋەھالەنكى ، كارۋان بېشى بوتاسۇن بۇقا ناخشىدىن ھۇزۇرلانمىغاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇ ئىختىيارسىز تۇردە ئېگەردىن

---

① كۆل تېگىن — كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ 8 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن قەھرىمان خانزادىسى .

② تونيوقۇق — كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ 8 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن داڭلىق ۋەزىرى .

كۆتۈرۈلۈپ ، تۆت ئەتراپقا تېز - تېز كۆز يۈگۈرتكىلى تۇردى .

— هاي ، يىگىتلەر !— دەپ ۋاقىرىدى ئۇ ئاخىر بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ،— بولدى قىلىڭلار ، ناخشا ئېيتماڭلار ! ناخشىنى توختىتىڭلار !

— هە ، نېمە بولدى ، بوتاسۇن بۇقا ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭغا داۋاملىق ياندىشىپ كېلىۋاتقان هېلىقى ئىنەچۇك تاي دېگەن كىشى ، — ناخشا ئېيتساق نېمە بولىدۇ ؟

بوتاسۇن بۇقا ئۇنىڭغا قارىماستىن ، چەۋەنداز يىگىتلەرگە قولىنى شىلتىپ يەنە سۆزلەشنى داۋاملاشتۇردى :

— كارۋان چۆلدە يۈرگەندە تەرتىپنى ساقلاش كېرەك . ناخشا ئېيتىشقا بولمايدۇ ، بۇلاڭچى ، قاراقچىلارغا ئۇچراپ قېلىشىمىز مۇمكىن . ئەگەر يېقىن ئەتراپتا شۇنداق يامان نىيەتلىك تائىپىلەر بولسا ، ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىزنىڭ پېيىمىزگە چۈشىدۇ .

يىگىتلەر ناخشىنى توختاتتى . پايانسىز چۆلدە يەنە جىمجىتلىق هۆكۈم سۈردى . پەقەت ئات تۇياقلىرىنىڭ تۇتۇق دۈپۈرلەشلىرى ۋە هارۋا چاقلىرىنىڭ غىچىرلاشلىرىلا بۇ ئۇزۇن كارۋان يولىدا ئادەملەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى . سەددىچىن سېپىلى ئاللىقاچان ئۇپۇق سىزىقىنىڭ كەينىدە قېلىپ ، كۆزدىن غايىب بولغانىدى . كارۋاننىڭ ئالدى تەرىپىدىمۇ تۈزلەڭ چۆل بىلەن كۆك ئاسمان جىپسىلىشىپ كۆرۈنەتتى .

ئىنەچۇك تاي كارۋان بېشىدىن يەنە سوراشتۇرغىلى تۇردى :

— بوتاسۇن بۇقا ، مۇشۇنداق ئادەمزاتسىز چۆلدىمۇ قاراقچىلار بولۇشى مۇمكىنمۇ ؟ سەن نېمىنى ئويلاپ شۇنداق دېدىڭ ؟

— كارۋان يوللىرىدا هەر ۋاقىت هۇجۇمغا ئۇچرىشىمىز مۇمكىن ،— دېدى بوتاسۇن بۇقا ،— قىتانلار[1] ، تاتابىلار[2] ۋە يەنە هەر خىل تائىپە ، قەبىلىلەرنىڭ ئولجا ئىزدەپ تىمىسقىلاپ يۈرگەن

[1] قىتان — ئەينى دەۋرلەردىكى بىر تائىپە . كېيىنكى دەۋرلەردە «خىتاي» ياكى «قارا خىتاي» دەپ ئاتالغان .

[2] تاتابى — ئەينى دەۋرلەردىكى بىر تائىپە .



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com